2.سان

# ئۇيغۇر  ۋاتساپ ژورنلى

دىنىمىز ئىسلام،ئىرقىمىز تۈرك،مىللىتىمىز ئۇيغۇ ،ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان

2018

1.دۇنيادىكى جازا لاگېرلىرى

2.ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى ۋە بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىم

3.ئىقتىسات ئارقىلىق جىھات قىلايلى!

# ئۇيغۇر ۋاتساپ ژورنىلى

مەسئۇل مۇھەررىرى:ئۇدۇنئوغلى

ۋاتساپتا تارقىتىلىدىغان بۇ ژورنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ جاۋاپكارلىقى ماقالە ئاپتورىغا مەنسۇپ.

ماقالە ئەۋەتىش ۋە ھەقانداق پىكىر تەكلىپ ئۈچۈن  بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ!

ئالاقە ئېلخەت ئادرېسىمىز: itaturkestan@gmail.com

# مۇندەرىجە


دۇنيادىكى جازا لاگېرلىرى........................................................................................................4
قۇرئاندىكى يادرولۇق چەكلىملەر..............................................................................................7
ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى ۋە بۇھەقتە   ئويلىغانلىرىم.............................................................................9
10 دوللارنىڭ كۈچى...............................................................................................................11
بىلىم بىزنى ئازات قىلىدىغان كۈچ..............................................................................................12
ئىقتىسادى ئارقىلىق جىھات قىلايلى!...........................................................................................13

# دۇنيادىكى جازا لاگېرلىرى

ئېلتېرىش

جازا لاگېرلىرى دېگەن بۇ ئاتالغۇ كۆپىنچە ئادەملەرگە تونۇش بىر تارىخى ئاتالغۇ بولۇپ، ئادەتتە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ناتسىست جازا لاگېرلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى كوممۇنىست جازا لاگېرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان جازا لاگېرلىرى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى دۈشمەن دۆلەتلەر قارشى تەرەپتىن ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى يىغىۋالغان ئەسىرلەر لاگېرلىرى ئەمەس. جازا لاگېرلىرى يەنە يىغىۋېلىش لاگېرلىرى دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ كۆپىنچە يەھۇدىلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا تاراتقۇلىرىدا قايتا كۆزگە چېلىقىۋاتقان جازا لاگېرلىرى خىتاينىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بىز بۇ يەردە ئىنسانىيەت تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن پاجىئەلەرنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئورناشقان ۋە قايتا تەكرارلانسا بولمايدۇ دەپ قارالغان تېپىك جازا لاگېرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## ئالجېرىيە

فرانسىيە ئىشغالىيىتىدىكى ئالجېرىيەدە 1830 - 1900 يىلغىچە بولغان يىللاردا ئالجېرىيە نوپۇسىنىڭ تېخمىنەن 15 - 25% ى جازا لاگېرلىرىدا ئۆلگەن(250،000 - 300،000 ئادەم) .

## ياپونىيە

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە شەرقى جەنۇبى ئاسىيانى ياۋرۇپا مۇستەملىكچىلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ياپونىيە، گوللاندىيەلىكلەر ، يەرلىكلەر، ۋە باشقا ياۋرۇپالىقلاردىن بولۇپ تەخمىنەن 130،000 ئادەمنى جازا لاگېرلىرىغا قامىغان. بۇ تۇتقۇنلاردىن ئۇرۇشتىن كېيىن هايات قالغانلىرىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس.

## ناتسىست جازا لاگېرلىرى

ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى گېرمانىيەدە تۇنجى قۇرۇلغان جازا لاگېرى داكاۋ جازا لاگېرى بولۇپ، 5000 ئادەم قامالغان.
پۈتۈن گېرمانىيەدە بىرلا ۋاقىتتا لاگېرغا سولانغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 79،000 ئەتراپىدا بولغان.
1933 - 1945 - يىلغىچە بولغان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىستلارنىڭ ياۋرۇپا مىقياسىدا قۇرغان جازا لاگىرلىرىنىڭ سانى گېرمانىيە هۆكۈمەت هۆججەتلىرىدە 1200 دەپ خاتىرىلەنگەن. يەهۇدى جازا لاگېرلىرى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە ياۋرۇپادىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ سانى 15،000 ئەتراپىدا بولۇپ كۆپ قىسمى ئۇزۇن ئىشلىتىلمەي تاقالغان. بۇ جازا لاگېرلىغا قامالغانلارنىڭ ئىچىدە يەهۇدىلاردىن باشقا گېرمانىيەگە قارشى دەپ قارالغان نۇرغۇن باشقا مىللەت كىشىلىرىمۇ بولۇپ، ئەڭ كۆپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار يەهۇدىلاردىن باشقا چېخلار ۋە پولەكلەر بولغان. خولوكوست مۇزېيىنىڭ مۆلچەرى بويىچە ناتسىست گېرمانىيەسى 12 يىل ئىچىدە جازا لاگېرلىرىغا قامىغانلارنىڭ ئومۇمى سانى گېرمانىيەدىن رۇسىيەگىچە سوزۇلغان ياۋرۇپا زېمىنىدا 15 مىليوندىن -20 مىليونغىچە دەپ قارىلىدىغان بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە يەهۇدىلار 6 مىليوندىن ئاشىدۇ دېيىلگەن.

## پولشا

گېرمانىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن رۇسىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان پولشادا ناتسىستلار قۇرغان جازا لاگېرلىرى شۇ يەرلەردە ياشىغان گېرمان نەسلىلىكلەرنى ۋە سوۋېتقا قارشى پولشالىقلارنى قاماشقا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، 1945-1949 -يىلىغىچە تەخمىنەن 100 مىڭ ئادەم رۇسلار تەرىپىدىن جازا لاگېرلىرىغا قامالغان.

## سوۋېت جازا لاگېرلىرى ( گۇلاگلار)

سوۋېت دەۋرىدە 1929- 1953-يىلىغىچە ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن نۇرغۇنلىغان جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، مىليونلىغان بىگۇناھ ئىنسانلار ئاشۇ جازا لاگېرلىرىدا ھەق ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغان ھالدا ھاشارغا سېلىنغان ۋە كاللىسى يۇيۇلغان. شۇلارنىڭ ئىچىدە خەتەرلىك دەپ قارالغان نۇرغۇن كىشىلەر سىبىرىيەگە سۇرگۈن قىلىنىپ يوقۇتۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىك دەپ قارالغان نەچچە يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇرلار ۋە تاتارلارمۇ بار.ستالىن دەۋرىدە ئەڭ كۆپ بولغاندا 2،750،000 ئادەم لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت تەرەپتىن 5.7 مىليون ئادەم گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشكەن بولۇپ ئۇنىڭدىن 1.5 مىليون ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلغان. دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەن 1.5 مىليون ئادەم ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن خائىن دەپ قارىلىپ جازا لاگېرلىرىغا سولانغان. ئۇنىدىن باشقا ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت زېمىنىدىكى گېرمانلاردىن 3 مىليون ئادەم جازا لاگېرلىرىغا سولانغان بولۇپ ئۇنىڭ ئاران بىر مىليونى گېرمانىيەگە قايتالىغان. 1919-يىلىدىكى كوممۇنىزم تۇغى گېزىتىدە شۇ چاغدىكى سوۋېتتە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 900،000 دىن ئارتۇق دەپ ئېلان قىلىنغان.

## ئامېرىكا

1941-يىلى ياپونلار ھاۋايىغا ھۇجۇم قىلىپ ئامېرىكا بىلەن رەسمى ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەندىن كېيىن روزۋېلت ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئامېرىكا تەۋەسىدە ياشايدىغان ياپونلاردىن 120،000 دىن ئارتۇق كىشىنى لاگېرلارغا يىغىۋالغان. ئۇنىدىن باشقا مەلۇم 15،000 ئەتراپىدا گېرمانلار، ئاز ساندا ئىتالىيانلار ۋە يەرلىك ئامېرىكا ئىندىئانلىرىمۇ بار. بۇ لاگېرلارغا سولانغان كىشىلەر گەرچە ئۇرۇشتىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئەپۇ سورىغان بولسىمۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى بىر داغ بولۇپ قالغان.

## ۋېتنام

ئامېرىكا ۋېتنامدىن چېكىنگېندىن كېيىن شىمالى ۋېتنام كوممۇنىستلىرى جەنۇبى ۋېتنامدىكى ئامېرىكا ئۈچۈن ئىشلىگەنلەرنى قاتتىق جازالىغان. تەخمىنەن 300،000 ۋېتناملىق جازا لاگېرلىرىغا قامالغان.

## شىمالى كورىيە

شىمالى كورىيە ھازىرغىچە جازا لاگېرلىرى مەۋجۇت بولغان ئاز ساندىكى مۇستەبىت دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھازىر تېخمىنەن 200،000 ئەتراپىدا ئادەم ئەمگەك لاگېرلىرىغا قاماقلىق.

## يوگۇسلاۋيىيە

1941- 1944 -يىلغىچە يوگۇسلاۋىيەدە 70 تىن ئارتۇق ناتسىست لاگېرلىرى بولۇپ 1.7 مىليون ئادەم قامالغان. كۆپىنچىسى يەھۇدىلار، سېربلار ۋە سىگانلار بولغان.
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كوممۇنىست يوگۇسلاۋىيە ھۆكۈمىتى يوگۇسلاۋىيە تەۋەسىدە ياشايدىغان گېرمان تىللىق خەلقنى جازا لاگېرلىرىغا قاماپ يوقاتقان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن 500،000 گېرمان ياشايدىغان يوگۇسلاۋىيەدە 1948.يىلى ئارام 50،000 دىن ئارتۇق گېرمان قالغان، كېيىن كۆپىنچىسى گېرمانىيەگە كۆچۈپ كەتكەن.
يوگۇسلاۋىيەدىكى سېربلار 1990 -يىللاردا پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا يۈزمىڭلىغان كوسوۋۇ ئالبانلىرىنى ۋە بوسنىيەلىكلەرنى جازا لاگېرلىرىغا قاماپ مىللى قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە ئامېرىكا يوگۇسلاۋىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ بۇ ئېتنىك قىرغىنچىلىققا خاتىمە بەرگەن. يوگۇسلاۋىيە پارچىلىنىپ كوسوۋو ۋە بوسنىيە قاتارلىق دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغان.

## خىتاي

خىتاي نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ زور كۆلەمدىكى جازا لاگېرلىرىنى يوشۇرۇن ماڭدۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ جازا لاگېرلىرىغا قامالغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ كەم دېگەندە بىر مىليوندىن ئاشىدۇ دەپ بېكىتىلگەن. ئەمەلىيەتتە نوپۇسى 25 دىن 35  مىليونغىچە دەپ مۆلچەرلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ غوللۇق ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان تۇتقۇندا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە 20% ى تۈرمىلەردە ۋە جازا لاگېرلىرىدا دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئامېرىكىدىكى نوپۇزلۇق بىر ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتنىڭ خەۋرىدە ئاشكارىلىنىشىچە جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردا قىيىن قىستاققا ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئەھۋاللار ئېغىرلاشقان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىگەللىگەن ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا شەرقى تۈركىستان تەۋەسىدىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ ئومۇمۇ سانى 1200 دىن ئاشىدىغان بولۇپ، كىچىكرەك لاگېرلاردا 2000 ئەتراپىدا، چوڭلىرىدا 10،000 ئەتراپىدا ئادەم بار، لاگېردىكىلەرنىڭ ئومۇمى سانى ئەڭ كەم دەگەندە 4 مىليوندىن ئاشىدىكەن. بۇنىڭ ئېچىدە تەخمىنەن 200،000-500،000 بولغان ئادەم ئۇيغۇردىن باشقا مىللەت بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. خىتاينىڭ بۇ جىنايى لاگېرلارنى پىلانلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن پىلانلىغانلىقى ئېنىق. خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرى خەلقارا مەتبۇئاتلاردا دەسلەپكى قەدەمدە پاش بولۇپ بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىدا بۇ ھەقتە مۇنازىرە بولغاندىن كېيىن، خىتاي گەرچە پاكىتلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆز بويامچىلىق قىلىپ ئويۇن ئويناشقا تىرىشماقتا. قازاقىستانغا قېچىپ چىققان سايراگۈل ساۋۇتباينىڭ ئاشكارىلىشىچە ،خىتاينىڭ بۇ ناتسىستلارچە جازا لاگېر پىلانى 30 يىللىق بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇشنى مەقسەت قىلغان.  خىتاي نۆۋەتتە جازا لاگېرلىرىنى پۈتۈنلەي يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولغاچقا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن بىر قىسىم لاگېرلاردا بازار ، دۇكان ۋە باشقا ئەسلىھەلەرنى پەيدا قىلىپ ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشماقتا. بەزى لاگېرلاردىن تېلېفون قىلغىلى بولىدىغان، ئۆيلىرىگە ۋاقتلىق قايتالايدىغان ساختا كۆرۈنۈشلەرنى پەيدا قىلىشقا تىرىشماقتا ئىكەن.

لاگېرلاردىكى ئادەملەرنىڭ سانى ئېنىق بولمىغىنىدەك ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ۋە ئىچ باغرى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭمۇ سانى نامەلۇم بولماقتا. خىتاي ئەڭ ئالدىدا يوقۇتىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى كۆزدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن باشقا يەرلەرگە يۆتكىشى مۇمكىن. يېقىندا ئاشكارىلانغان بەزى مەلۇماتلار خېلى زور ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناتسىست گېرمانىيەسى يەھۇدىلارنى يۆتكىگەندەك بىر شەكىلدە پويىز ئارقىلىق گەنسۇ تەۋەسىگە توشۇلۇۋاتقانلىقى مەلۇم.

# قۇرئاندىكى يادرولۇق چەكلىمىلەر

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:مۇقەددەس كىتاۋىمىز ۋە نۇرلۇق مەشئىلىمىز بولغان قۇرئان كەرىم كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ھايات مىزانىمىزدۇر.شۇڭا ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان چەكلىمىلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىقلا ئاندىن رەببىمىز ئاللاھنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلەيمىز.

**1.ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەيسەن**

**2.ئادەم ئۆلتۈرمىگەيسەن**



**3.ئوغرىلىق قىلمىغايسەن**

**4.يالغان [illegible]گەيسەن**

**5.غەيۋەت قىلمىغايسە**

**6.بىراۋغا بوھتان چاپلىمىغايسەن**

**7.ناھەقچىلىك قىلمىغايسەن**

**8.پارا ئالمىغايسەن،پارا بەرمىگەيسەن**

**9.ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغايسەن**

**10.قىلغان ياخشىلىقىڭغا مىننەت قىلمىغايسەن**

**11.كۆز-كۆز قىلمىغايسەن**

**12.يېتىم – يېسىرلارغا ئۇۋال قىلمىغايسەن**

**13.باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمىگەيسەن**

**14.ھاياسىز گەپ-سۆز قىلمىغايسەن**

**15.ئىچى يامانلىق قىلمىغايسەن**

**16.ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغايسەن**

**17.پىخسىقلىق قىلمىغايسەن**

**18.ئىسراپخورلۇق قىلمىغايسەن**

**19.يالغان گۇۋاھلىق بەرمىگەيسەن**

**20.زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلمىغايسەن**

**21.كەمچە-تارازىدا ھىلىگەرلىك ئىشلەتمىگەيسەن**

21.قوساقتىكى بالىنى ئۆلتۈرمىگەيسەن

22.زىناخورلۇق قىلمىغايسەن

23.هاراق ئىچمىگەيسەن

24.قىمار ئوينىمىغايسەن

25.سېھىرگەرلىك،رامباللىق قىلمىغايسەن

26.جازانە ئالمىغايسەن  ۋە جازانە بەرمىگەيسەن

27.ئاتا-ئاناڭغا ناچار مۇئامىلە قىلمىغايسەن

28.قۇل ئاستىڭدىكىلەرگە ئۇۋال قىلمىغايسەن

29.زورلۇق-زومبۇرلۇق بىلەن بىراۋغا دىننى تاڭمىغايسەن

30.ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلمىغايسەن

31.زالىمغا يان تاياق بولمىغايسەن

32.زۇلۇمغا سۈكۈت قىلمىغايسەن

33.ئالدامچىلىق قىلمىغايسەن

34.بۇ دۇنيادا قىلغان ھەممە ئىش ھەركىتىڭنىڭ ئۇ دۇنيادا سورىقى بارلىقىنى ئەستىن چىقارمىغايسەن

35.رىزقىڭنى هارام يولدىن تەمىن ئەتمىگەيسەن

36.بەش نامازنى تەك ئەتمىگەيسەن

37.رامىزان روزىسىدىن غەپلەتتە قالمىغايسەن

38.كاپىرلارغا قارشى كۈرەشتىن قاچمىغايسەن

39.دىنىغا ئىلاۋە مەزمۇن قوشمىغايسەن

40.بىراۋغا لەقەم تاقمىغايسەن

41.ئىرقچىلىق-يۇرتۋازلىق قىلمىغايسەن

42.بىراۋنىڭ مەخپىيىتىگە كۆز تىكمىگەيسەن

43.ئەرزىمەس دۇنيا مەنپەئەتىنى دەپ باشقىلارنى ساتمىغايسەن

44.ھەقىقەتنى بورمىلىمىغايسەن

# ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى ۋە بۇھەقتە ئويلىغانلىرىم

ھېيتاخۇن مەتمىن

**بۇ يىلنىڭ بېشىدىن تارتىپ ،ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى قۇرۇپ چىقىپ شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا ئىقتىسات توپلاش سەپەرۋەرلىك تەشۋىقاتلىرى ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى.بۇ ھەققەتەن ھەمدەمدە بولۇشقا تېگىشلىك بىر ھەرىكەت. بۇ ئۇلۇغۋار خىزمەتكە ئاۋاز قوشۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى رەسمى بىلدۈرگەن قېرىنداشلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيمەكتە.مەن سىلەرگە ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندىنىڭ ۋاتساپتىكى توپ قائىدە- نىزامنامىسى ۋە نىشانى ھەققىدىكى باياناتىنى سۇنغاندىن كېيىن ئويلىغان پىكىر-تەكلىپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:**

### ئۇيغۇر ئازاتلىق توپىنىڭ قىسقىچە قائىدە - نىزامنامىسى

ئۇيغۇر ئازاتلىق توپىمىز مۇھاجىرەتتىكى ۋەتەنداشلىرىمىزدىن ھۆرلۈك، ئازادلىق، مۇستەقىللىق يولىدىكى كۆرەشلىرىمىزنى ماددى جەھەتتىن قوللاشقا ئۈندەش ۋە سېستىمىلىق مالىيە كۈچى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلدى.

يىلان بويىچە ھەر ئايدا ئەڭ تۆۋىنى 10 دوللار (يۇقۇرى چېكى يوق) مەبلەغ توپلاش نۆۋەتتىكى نىشانىمىزدۇر. توپىمىزنىڭ ساغلام، ئەمىنە توپلاش ئىشلىرىنىڭ ئوچۇقلۇق ۋە نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن توپىمىزغا قېتىلغان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى نىزامنامىنى تېپىسلى ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈتىنىمىز:

(1) ۋەتەننى جېنى ۋە مېلى بىلەن سۆيىدىغان،ئۇيغۇر مىللىتىگە كۆيۈمچان، شەرقى تۈركىستاننىڭ غېمىنى يەيدىغان نىيىتى دۇرۇس ۋە سەممىي ،قىسقىسى ئاللاھتىن قورقىدىغان بولىشى كېرەك .

(2) توپ ئەزالىرى ئۆز -ئارا ھۆرمەتتە بولۇشى، توپنىڭ كرىپىتىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك.

(3) توپقا ئۇيغۇر فوندىغا مۇناسىۋەتسىز ھەر قانداق ئۇچۇر،ئېلان.تەبرىكنامە ، تەشۋىقات، تەييار سىن فىلىملىقلارنى قەتئىي ئەۋەتمەسلىكى لازىم.

(4) توپ ئەزالىرى مەلۇم بىر تەشكىلات ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەمەس، خەلق، يۇقىرا سۈپىتىدە توپقا قېتىلىشى ، تەرەپ تۇتماسلىقى كېرەك
.

(5) «ئۇيغۇر ئازادلىق فوندى» نىڭ ھېساباتىدىكى ئىقتىسات سايلانغان 3~5 ئادەمنىڭ بىرلىكىدە چىقىم قىلىنىدۇ ، يالغۇز بىر خادىمنىڭ ئۆز ئالدىغا چىقىم قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، بانكا ھېساباتىدىكى مالىيىنى ئاجرىتىپ ئېلىش ھوقۇقىمۇ 3 كىشىنىڭ ئورتاق ئىمزاسى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(6) توپ ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىنى، توپىمىزنى ئەتراپىدىكىلەرگە تەشۋىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، بۇ فوندىنىڭ قانۇنلۇق يوسۇندا قۇرۇلۇش باسقۇچلىرى يېنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرىلىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خالىس پىدائىيلىقنى ئاساس قىلغان ئازادلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق يىغىلغان ئىقتىسات پەقەتلا ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن سەرىپ قىلىنىدۇ(قەيەرگە سەرىپ قىلىنىشىمۇ تولۇق بويىچە ئېنىق جاكارلىنىدۇ)، باشقا ھەر قانداق خەير ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.

(7) ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى غەرب ئەللىرىنىڭ قانۇن – نىزامنامىلىرىغا قاتتىق بويسۇنغان ئاساستا ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ،فوندىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل خادىملار جەمئىيەتتە مەلۇم ئىشەنچىكە ئىگە،ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ۋە دىنى ئېتىقادىغا زىت ھەرىكەتلەردە بولمىغان،ئارقا كۆرۈنۈشى ئېنىق خىتاي دۆلىتىگە بولغان قارشى مەيدانى روشەن كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ،فوندى مەسئۇللىرى خىزمەت جەريانىدىكى چىقىمنى ئۆز يانچۇقىدىن سەرىپ قىلىدۇ،ئامىمىنىڭ مۈلكى بولغان فوندىنىڭ ئامانىتىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ.

ھۆرمەت بىلەن

ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى تەييارلىق كومىتېتى

## بۇ ھەقتە مېنىڭ ئۇلغانلىرىم

قۇرۇلغۇسى ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى ياكى شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق فوندى ھەققدە توختىلىشتىن بۇرۇن مۇھاجىرەتتىكى يېرىم ئەسىرلىك شەرقى تۈركىستان فوندلىرى ھەققدەكىچىككىنە ئەسلەتمە بېرىپ ئۆتۈشنى ئويلاپ قالدىم: فوندى دېگەن سۆز ئېنگىلىز تىلىدىن كىرگەن بولسا، بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدىكى ئاتالغۇسى ۋەقىپ بولۇپ ئىسلام فىقھىسىدە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن مۇھىم ۋە خاسىيەتلىك بىر مەسىلە. ۋەقىپ قىلىنغان مال ـ مۈلۈك ئۇمۇمنىڭ مۈلكىگە ئايلانغىنى ئۈچۈن ھېچكىم ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋېلىشىغا ھەم دىنى جەھەتتىن ھەم قانۇنى جەھەتتىن يول قويۇلمايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى تۈركىستان ساندۇقى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شۇ جايدىكى شەرقى تۈركىستانلىق ياكى باشقا مىللەت مۇسۇلمان ساخاۋەتچىلىرىنىڭ زاكات ۋە ئىئانە ياردەملىرىنى نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى قىيىنچىلىقى بار شەرقى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلاشتۇرۇپ كەلدى، تۈركىيەدىكى شەرقى تۈركىستان ۋەخپى(فوندى)30 يىلدىن بۇيان تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ساخاۋەتچىلەرنىڭ ۋە ياكى تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ياردىمىنى ئۇلاشتۇرۇشقا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن بولسا يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان يەنە ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان سۇتۇق بۇغراخان ۋەخپى قاتارلىق بىر قىسىم پىدائى تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان قىينچىلىقى بار ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئىگە چىقىپ، مىڭلىغان يېتىم ـ يېسىر، تۇل ئاياللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشىپ كەلمەكتە.

قۇرۇلغۇسى ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى ئاساسلىقى غەرپ دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ئۇيغۇر ئازاتلىق كۆرىشىمىزدىكى ماددى يۆكنى يەڭگىللىتىش ئارزۇسى بىلەن يولغا چىققانلىقىغا مەن شەخسەن ئىشىنىمەن ۋە قوللاشقا بەل باغلىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ يازمىنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نورۋېگىيەدە بولامدۇ، گېرمانىيەدە بولامدۇ ۋەياكى ئامېرىكىدا بولامدۇ تېزراق ھەرىكەتكە ئۆتۈپ قانۇنلۇق روخەتكە ئالدۇرغاندىن كېيىن بانكىدا ۋە پايپال قاتارلىق پۇل يىغىش ئاپپاراتلىرىنى تۇرغۇزۇپ شەرقى تۈركىستان دەۋاسىدىكى غوللۇق تەشكىلاتلىرىمىزدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مائاشلىق كەسپى خادىملىرىنىڭ چىقىمىنى قامداشقا تىرىششى كېرەك ۋە شۇنداقلا ئىقتىسات يېتىشسە پىلان بويىچە مېدىئا مخانىزىمنى قۇرۇپ چىقىپ21. ئەسىردىكى ئاخبارات ئۇرۇشى ئارقىلىق خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا قارشى كۆرىشىمىزنى بىر بالداق يۇقۇرى كۆتۈرۈشكە كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

بەزىلەر دىيىشى مۇمكىن،سەن نېمە دەۋاتىدىغانسەن؟ ئازاتلىق دېگەن قۇرال بىلەن بولىدۇ،سەن يۇمشاق كۆچنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنغۇ...

جېنىم قېرىنداشلىرىم:خەلقارادىكى ۋەزىيەت ۋە شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلىپ ، ئاشۇنداق پۇرسەت بولغاندا ئەلۋەتتە قوراللىق كۆرەشكە ئاتلىنىمىز،شۇ دەمدە بولسا مۇھاجىرەتتە بىز قىلالايدىغان،خەلقارا قانۇنلاغا پۈتلاشمايدىغان نۇرغۇن ئىشلار بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.شۇڭا ئىنسان ھەقلىرى ،كىشىلىك ھوقۇق،دېموكراتىيە قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن كۆرەش قىلىشنى ئىنكار قىلمايدىغان،ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلەتلانى يېقىندىن قوللاپ كەلگەن ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندىنىمۇ قوللايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ يېقىن ۋاقىت ئىچىدە رەسمى قۇرۇلۇشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىمەن.

# 10 دوللەرنىڭ كۈچى

ئىلمنۇر نۇرى

ئەسسەلامۇ-ئەلەيكۇم مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلار: مېنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىم بەك ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەتتە نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىز توغرىسىدا ئۆز ئويلىغانلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ھازىرقى دەۋردە ئىقتىسات كىچىك بىر ئائىلىدىن چوڭ دۆلەتكىچە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.ئىقتىسات ئۈلتېشىڭىز مۇستەھكەم بولسا بوران-چاپقۇندىمۇ ھېچ تەۋرەنمەي تۇرالايدۇ،ئەكسىچە بولغاندا ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ مىسالى ھەممىمىز بىلگىنىمىزدەك ئامېرىكا دۆلتى، خىتاي ۋە بىرقانچە دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي ئامبارگو يۈرگۈزىۋاتىدۇ،دۈشمىنىمىز بولغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۇلى چىڭ بولغاچقا بۇ ئىقتىسات ئۇرۇشىدا تەۋرىنىپ قالماي تۇرىۋاتىدۇ.ھەتتا ئەتراپىدىكى ئاجىز دۆلەتلەرنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ.ئەكسىچە ئىقتىسات كۈچى ئاجىز بولغان دۆلەتلەر بۇ ئېمبارگودا زور تەھدىت ۋە داۋالغۇشلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ.مانا بۇ پۇلنىڭ ھازىرقى زاماندىكى رولى.

دېمەك شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئىقتىسادت كەم بولسا بولمايدۇ،چۈنكى ھازىرقى دەۋردە ئىقتىساتسىز ۋە قورالسىز مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بولسا ھەرقايسى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا يېلىنىش بىلەن چەكلىنىپ قىلىۋاتىدۇ،ھالبۇكى بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىمىز دەيدىكەنمىز ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىزنى ئىقتىسات توپلاشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى بىز بۇ مۇستەقىللىق كۈرىشىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە ئۆز ئىقتىساد كۈچىمىزدىن پايدىلىنىپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

ئەمسە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشىمىز كېرەك ؟! ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۈچ مىليوندەك چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلساق مۇشۇ ساندىن ئىككى مىليون توققۇز يۈزمىڭ ئادەمنى ھېساپقا ئالمىغاندىمۇ 100مىڭ ئادەم پۇل چىقىرىپ ئىقتىسات توپلاشقا قېتىلغان بولسا ، ھەربىر ئادەم بىر ئايدا 10دوللاردىن پۇل چىقارسا پەقەت بىر ئايدىلا بىر مىليون دوللار پۇل يىغىلىدۇ،بىر يىلدا 12 مىليون دوللار يىغىلىدۇ .بۇ بىزنىڭ

ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا ئۇيغۇن ۋە بىز قىلالايدىغان ئىش .ئىشىنىمەنكى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئازاتلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە قوللايدىغان ھەربىر ئۇيغۇر بۇنىڭ ئۈچۈن پائال ئاۋاز قوشىدۇ.ئەلۋەتتە ھازىر تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئەگەر بۇ كۈرەشلەرگە يۇقىرىقىدەك زور ئىقتىساد قوشۇلسا ختايغا تېخىمۇ ئەجەللىك زەربە بولىدۇ.

قېرىنداشلار: بۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس ، بىز بۇ كۈرەشلەردە پىتنە -ئىغۋا تارقاتماي ختايدىن ئىبارەت دۈشمەننى تونۇپ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئون دوللارنى ۋەتىنىمىز ئۈچۈن تاشلىساق بۇ پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى زىغىرلاپ تالاش -تارتىش قىلمىساق ،بۇ ئىقتىساتنى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن سايلاپ چىقىلغان ھەيئەتلەر پەقەت ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈنلا ئىشلەتسە،بىز چۇقۇم ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز، ھەمدە بۇ فوندى قۇرۇلۇپ بىرنەچچە يىل ئىچىدە تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق فوندىغا ئايلىنىدۇ.

قېرىنداشلار ھەممىمىز ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتۇق.تۈركىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ئالساق مۇقىم ئىقتىسادى كىرىم يوق تۆپەيلى قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارنى تارتىۋاتىدۇ،ياۋروپادىكى قېرىنداشلىرىمىز ماددى جەھەتتىن تويۇنغان بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن ئىنتايىن ناچار چۈشكۈن ھالەتتە ياشاۋاتىدۇ. دېمەك بۇ مۈشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەنسىزلىكتىن كېلىپ چىققان.شۇڭا ۋەتىنىمىزنى قولىمىزغا ئالىمىز دەيدىكەنمىز،ئامېرىكا دۆلىتى ياردەم قىلارمۇ ياكى تۈركىيەمۇ دېمەي ئۆزىمىزگە تايىنىشنى،ئۆزىمىزنىڭ پەقەت بىردەك ئۇيۇشساقلا زور كۈچ ھاسىل قىلالايدىغىنىمىزنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

يوقاردا دېيىلگەن <ئۇيغۇر ئازاتلىق فوندى >ھازىر قۇرۇلۇپ پات يېقىندا تۇنجى قەدىمىنى تاشلاشقا ھازىرلىنىۋاتىدۇ.قېرىنداشلارنىڭ كۆپلەپ ئاۋاز قوشىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## بىلىم- بىزنى ئازاد قىلىدىغان كۈچ

فاتىمە سەيياھ

بىلىم كۈچ.،قۇرۇق شوئار ئەمەس بەلكى كىشىنى ھەرخىل كىشەنلەردىن ئازاد قىلىدىغان ھەقىقىي قۇدرەتتۇر. نېمىشقا بۇنداق دەيمىز؟ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر مىسال ئالايلى.

ھازىرقى زامان پىسخىكا ئىلمىدا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپمۇ قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى باردى - كەلدىلەر ئىپتىدائى زاماندىكى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر زامانىۋى تۇرمۇشتا قەدەم قويغاندىن باشلاپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىۋاستە خىرىسلىرى ۋە قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ ئوۋ قىلىشتەك خەتەرلىك پائالىيەتلەر بىلەن كۆپ شۇغۇللانمايدىغان بولدى. ئەكسىچە بۇنىڭ ئورنىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆز - ئارا مۇناسىۋەت ئالدى، بۇ دېگەنلىك بىز ياشاۋاتقان ئىجتىمائى شارائىتتا ئىجتىمائى ئالاقە قىلىش خۇددى ئوۋ ئوۋلىغان دەملەردەك مۇرەككەپ ۋە قىيىن ھالاتكە ئوخشايدۇ.

بۇ خىل خىرىس خاراكتېرلىك پىسخىك ھالەتنىڭ كىشىلەرگە ئەپكېلىدىغان ئەڭ چوڭ خەتەرلىرىنىڭ بىرى بولسا ئىنسانلارنىڭ ئۆز - ئارا بويسۇنۇش ، بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتىنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت.

ئوۋ ئوۋلىيالماي قايتىش بىر ئائىلىنى ئاچ قويغانغا ئوخشاش، بىز ئۆز - ئارا 'بويسۇندۇرۇلماي' قالساق، ۋۇجۇدىمىزدىكى ھايۋانلىق خۇسۇسىيەت ئېپادىلىنىپ چىقىدۇدە، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنىڭ قەدىر - قىممەت، ئىززەت - ھۆرمىتىگە ھۇجۇم قىلىشتىن يانمايمىز. بۇ ئاچ قالغان كىشى ھەر نەرسىنى يېگەنگە مىسالدۇر.

باشقىلارنىڭ ئىززىتىنى تۆۋەنلەتكىنىمىز ئەمەلدە ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىتىدىكى ھايۋانى ئاجىزلىقنىڭ ئەقىل بىلەن كونترول قىلىنمىغانلىقىدەك بىر ئېچىنىشلىق ئەمەلىيەتنى بىزگە كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ نەزىرىدىكى ئۆزىمىزنى ياقتۇرماسلىق كېلىپ چىقىدۇ.

ئۆزىنى ياقتۇرمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۆزىنىڭ قاراشقا تەرەپلىرىدىن كىشەنلىنىپ، يامانلىقتىن باشقىنى قىلالمايدىغان چېغىم بار دەپ ئۆزىدىكى زۇلمەتكە پېتىپ قالىدۇ.

ئەمىسە بۇنىڭدا بىلىمنىڭ كۈچ ئىكەنلىكى قانداق رول ئوينايدۇ؟ چۈنكى توغرا بولغان بىلىم بىزدىكى ھەر خىل تەبىئى خۇسۇسىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قېلىش ، قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىشنىڭ ئىنسان ھاياتىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ يىلتىزى تاكى ئۇلۇق بوۋا، موممىزغىچە بېرىپ تۇتىشىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇلارنىڭ خاتالىققا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ئۆلگە ئېلىش بولسا دەل بىلىمنىڭ كۈچكە ئايلىنىشى بولىدۇ. ئۇلار ئەپۇ سوراشنى، ئۆزىدىن ئۆتكەننى بويىنغا ئېلىشنى، خاتالىقى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشنى ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشنى بىزگە بىلىم قاتارىدا قالدۇرۇپ كەتكەن.

بىز ئۇلاردىكى ئىلىم جەۋھىرىنى بىلسەك ، ئۆگەنسەك ۋە ئۆزىمىزگە تەدبىقلىساق، بىزنى بېسىپ تۇرغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئۆزىمىزنى ئەيىپلەشلەردىن، باشقىلارنىڭ نېمە دەپ قېلىشلىرىدىن، خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان نوچى ئىدىمەن دەيدىغان ھاكاۋۇرلۇقتىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشىمىزغا ئۇدۇل ۋە توغرا نەزەردە قارىيالايمىز.

بۇ يۈزلىنىش بىزنى ئۆزىمىزنىڭ قاراشقۇ زىندانلىرىدىن ئازاد قىلىدىغان غايەت زور كۈچتۇر!

بىلىم ـ ئازادلىق كۈچى!

## ئىقتىسات ئارقىلىق جىھات قىلايلى!

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

جىھات ئىشلىرىدا ئىقتىسادنىڭ رولى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. مەيلى ئاللاھ يولىدىكى جەڭلەردە بولسۇن، مەيلى جىھادنىڭ ئىلىم ۋاستىسى بولغان تەلىم-تەربىيە، قەلەم تەۋرىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان كاتېگورىيىلىرى بولسۇن ھەممىسىگە ماددى ئىمكانىيەت كېرەك. ئىقتىساد بولمايدىكەن ئۇرۇشقا كېرەكلىك ھەربىي ئەسلىھەلەر، قۇرال-ياراقلار، ئىسلام جەڭچىلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم كېچەكلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان كېرەكلىك ئەشيالاردىن سۆز ئېچىش قىيىن ئەلۋەتتە. ئىقتىساد بولمىسا مۇسۇلمانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك تەلىم-تەربىيە، ۋەز نەسىھەت قاتارلىقلارنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئېلىپ بېرىش تەس. مۇسۇلمان ئاممىسى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دۈشمەنلىرى ھەر تۈرلۈك نەشرىيات ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىغا تايىنىپ ھەدىسىلا ئەخلاقسىزلىق، چىرىكلىك ۋە ناتوغرا ئىدولوگىيەلەرنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشماقتا. بۇ خىل ھەركەتلەرگە قارشى ئىسلامى تەشۋىقات ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، ئىسلامى ۋە مىللى روھنى ئويغىتىدىغان تېلىۋىزور قانالىرى ئېچىشقا، كىتاب، گېزىت-ژۇرنال نەشر قىلىش، رادىيو ئىستانسىلىرىنى قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.شۇنداق قىلغاندىلا مۇسۇلمانلارنى مەنىۋى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، دىن-دىيانەتلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالايمىز،

مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەك-شۈبھىسىز ھالدا ئىبادەتتۇر. ئەگەر بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاخبارات ئاگېنتلىقى بولمىسا خەلقارالىق ياكى يەرلىك ھەرخىل ئاخباراتلارنى كۆپپارلار قامال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قوللىنىۋېرىدۇ. ئۇچۇر تارقاتقاندا قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي بورمىلاپ ئاقنى قارا قىلىپ كۆرسىتىدۇ.بۇنى كۈنىمىزدە ئەڭ ئادەتتىكى ئاۋاممۇ پەرق ئېتەلەيدۇ.

ئاددى بىر مىسال ئالايلى: بىر مۆئمىن ئىسلام دىنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگۈنۈپ بىر تەپسىر يېزىش ئارقىلىق قۇرئان-كەرىم ۋە دىنىمىزنىڭ ماھىيىتىنى ئىزاھلىسا، يەنە بىر مۆئمىن پەننى بىلىم ئىگەللەپ ئاستىرونومىيە، ئارخىئولوگىيە، فىزىكا ۋە خىمىيەگە ئوخشاش ساھەلەرنىڭ بىرىدە مۇتەخەسسىس بولۇپ، بۇ ئارقىلىق

ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرسە،خېمىيە بىلىمىنى جانلىقلارنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ زەھەرلىنىشى ئۈچۈن ئەمەس، پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىشلەتسە ،ھېچ بولمىغاندا ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانى دىن ئىكەنلىكىنى ئىلمى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ ئالمىغا سۇنسا، ھەر ئىككىسى ئوخشاش ساۋاپقا ئېرىشىدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى مۇپەسسىر بىلەن مۇتەخەسسىسنىڭ تۆھپىسى ئوخشاشلا ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىش، ئاللاھنىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ بارلىقىنى تونۇتۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى پەرق پەقەتلا مېتودتىن ئىبارەتتۇر.
ئىقتىساد ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھات - باشقا جىھاد تۈرلىرىنىڭ ئايرىلماس موھىم بىر قىسمى بولغاچقا نۇرغۇن ئايەتلەردە بەدەن (جان) ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان جىھاتنىڭ يېنىدىلا ئىقتىسات بىلەن ئورۇندىلىدىغان جىھاتقا ئورۇن بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىقتىسات ئارقىلىق جىھاد قىلىشمۇ ئىنتايىن موھىمدۇر.
دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىككى خىل قىممەتلىك نەرسە بار. بىرى جان، يەنە بىرى مال-دۇنيا. شۇڭا ئاتا-بوۋىلىرىمىز «پۇلنىڭ بىر ئۇچى يۈرەكنىڭ بېغىدا» دەپ بىكار ئېيتمىغان.
مۆئمىنلەر ئۆز تىرىشچانلىقىغا قاراپ ئەمەل- ئىبادەتتە خىلمۇ-خىل دەرىجىلەردە بولغىنىغا ئوخشاش جىھاتنىڭ كاتېگورىيىلىرىنى ئورۇنداشتىمۇ قىلغان مېھنىتىگە قاراپ ئوخشىمىغان دەرىجىلەرگەئېرىشىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى قولىدىكى ئىمكانىيىتى ۋە تەقۋالىقىغا باغلىق. بەزى مۆئمىنلەر پەقەتلا پۇل-مېلىنى سەرىپ قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادى جىھاتنى ئورۇندىسا، يەنە بەزىلەر پەقەت ئىلمى قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئىلىم ئارقىلىق جىھاد قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر قۇرال-ياراق كۆتۈرۈپ جەڭ مەيدانىدا ئەسكىرى جىھاتنى ئورۇندىسا، يەنە بەزىلەر تىلى ياكى قەلىمى بىلەن تەسىرلىك سۆز ۋە يازمىلىرى ئارقىلىق ھەققانىيەتكە چاقىرىق قىلىپ سۆز ئارقىلىق جىھاد قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر باركى ھەم جېنى، ھەم مېلى، ھەم ئىلمى ئىقتىدارى، ھەمدە تىلى- قەلىمى ئارقىلىق جىھات قىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارغا قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدىغان بولغىنى ئۈچۈن، ھەر بىر مۆئمىن قولىدىكى ئىمكانىيىتى ئۆلچىمىدە جاۋاپكاردۇر. (ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. [سۈرە بەقەرە. 286])
جانابى ئاللاھ ئىقتىسادنى ئۆزىنىڭ يولىدا نەپەقە قىلغانلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «پۇل مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرىپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير-ساخاۋىتىگە ئىرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاپ تاپىدۇ. ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ. [سۈرە بەقەرە 262]
يەنە مۇنداق چاقىرىقلارنىمۇ قىلغان ئىدى: « ئى مۆئمىنلەر ! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر. ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر. ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر. (سۈرە سەپ. 10- 11)
«(ئى مۆئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش-قېرى، پىيادە، ئۇلاقلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە ياكى قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار. ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. [ تەۋبە. 41]
شۈبھىسىزكى، ھەقىقى مۆئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر. [ھوجۇرات. 15.]
بۇ ئايەت كەرىمدە ھەقىيقىي مۆئمىنلىكنىڭ ئىپادىسى ئېغىزدا مەن مۆئمىن دەپ قويۇش بىلەن ئەمەس بەلكى نەق مەيداندا مېلى ۋە جېنى ئارقىلىق كۆرەش قىلالىغانلار ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.
ئەبۇ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر ئەسكەرنى قۇراللاندۇرسا (ئۆزى) غازات قىلغان بولىدۇ ۋە كىمكى غازاتقا كەتكەن بىر ئەسكەرنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم قىلسا يەنە غازات قىلغان بولىدۇ.